شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى

(بېشى 6 - بەتتە)

2 - باب تەشۋىقات ۋە تەربىيە

11 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، شەخسلەرنىڭ ساغلاملىق مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدىغان يۇقىرى خەۋپلىك كىشىلەر توپىغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ۋە ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقى جەھەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك تەربىيەنى ۋە قانۇنچىلىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى خەۋپلىك قىلمىشلارنى ئازايتىش كېرەك.

ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىغا قانۇنچىلىق تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى ۋە ۋىرۇسقا قارشى داۋالاش قاتارلىق ئارىلىشىش مۇلازىمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا دائىر مەخسۇس تېمىلىق تەربىيە بېرىپ، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش كېرەك.

12 - ماددا سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى تۈرلۈك سەھىيە - ساغلاملىق تېخنىكا مۇلازىمىتى تورىدىن پايدىلىنىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر تەشۋىق - تەربىيەنى قانات يايدۇرىدىغان مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى كەسپىي جەھەتتە يېتەكلىشى ۋە تېخنىكا جەھەتتە قوللىشى كېرەك.

داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى تېببىي خادىملار ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەل قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كېسەللەرگە مەسلىھەت بېرىش، دىياگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش جەريانىدا، داۋالانغۇچىلارغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى تۇغۇت يېشىدىكى كىشىلەرگە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كۆپىيىش ئەزاسى ساغلاملىقى مۇلازىمىتى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتى رادىيو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، ئالاقە تورى قاتارلىق تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشى ھەمدە ئوخشىمىغان ئادەم توپىغا ماس كېلىدىغان ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئىشلىشى، تارماقلار، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، قوللاش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىشى كېرەك.

13 - ماددا رادىيو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، ئالاقە تورى قاتارلىق تاراتقۇلار مەخسۇس تېما، مەخسۇس سەھىپە تەسىس قىلىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئاممىۋى مەنپەئەت ئېلانىنى قەرەللىك، ھەقسىز بېرىشى كېرەك. مەدەنىيەت ۋە ساياھەت، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئاخبارات - نەشرىيات تارماقلىرى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ئۇنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

قاتناش - ترانسپورت، تاموژنا، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ئايرودرۇم، بېكەت - ۋوگزال، پورت، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى قاتارلىق كۆچمە كىشىلەر توپلىشىدىغان سورۇنلاردا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

14 - ماددا مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى بىلەن بىرلىكتە، مەكتەپلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمى ۋە خىزمەتلەرنى قەرەللىك مەسلىھەتلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىشى كېرەك. سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئاز دېگەندە ھەر يېرىم يىلدا تەڭ دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى تەۋەلىكىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

مائارىپ مەمۇرىي تارمىقى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى ھەمدە جىنسىي ساغلاملىق تەربىيەسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى مۇناسىۋەتلىك پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش ۋە مەكتەپلەرنىڭ ساغلاملىق تەربىيە دەرسىگە كىرگۈزۈشى ھەمدە ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

مەكتەپ(شۆيۈەن)نىڭ مۇدىر(يۈەنجاڭ)ى شۇ ئورۇننىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەربىيە خىزمىتىنىڭ بىرىنچى جاۋابكارى. مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەر، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەر، شۇنىڭدەك باشقا ھەر خىل ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەر(جۈملىدىن مەخسۇس مائارىپ تۈرىدىكى مەكتەپلەر) ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ساغلاملىق تەربىيەسى ئوقۇتۇش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئوقۇتۇش دەرس سائىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ مەكتەپ كۇتۇپخانىسى، ئوقۇش ئۆيلىرىدە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى بولۇشى، مەكتەپلەرنىڭ تەشۋىقات ئىستونىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى گۈلزارى تەسىس قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل كادىرلارنى تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىمى ۋە سىياسىتىنى تەربىيەلەش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

15 - ماددا ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تارمىقى، شۇنىڭدەك كەسىپ ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرى ئەمگەك كۈچى چىقىرىشتا، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى مۇناسىۋەتلىك تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئىشلەمچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىشى كېرەك.

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئەمگەكچىلەرگە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش ۋە بىخەتەرلىك تەربىيەسى مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

16 - ماددا جامائەت خەۋپسىزلىكى، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، سودا ئىشلىرى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارمىقى قاتارلىق تارماقلار سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقىغا ماسلىشىپ، ياتاق، مۇنچا، راھەتلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش مۇلازىمىتى قىلىدىغان تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى سورۇننىڭ تىجارەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ كەسپكارلىرىغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى بويىچە تەلىم - تەربىيە بېرىشى كېرەك.

17 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە تەشكىلاتلار پەن - تېخنىكىنى، مەدەنىيەتنى، سەھىيەنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش، نامراتلارنى ساغلاملىق جەھەتتە يۆلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى، ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيە فىلىملىرىنى قويۇش، كادىرلار ئائىلىلەرگە كىرىپ تەشۋىق قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ يېزا رايونلىرىدا تارقىلىشى ۋە يامرىشىنى توسۇشى كېرەك.

18 - ماددا جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى سولاقخانا، توختىتىپ قويۇش ئورنى، مەجبۇرىي ئايرىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنى، تۈرمە قاتارلىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىدىكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغانلارغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى بويىچە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغانلارنىڭ تۈرمىگە، سولاقخانىغا كىرىش - چىقىش تەربىيەسى، دائىملىق تەربىيەسى پىلانىغا كىرگۈزۈشى، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىدىكى بارلىق باشقۇرۇلىدىغانلارنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى تەربىيەسى ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

19 - ماددا ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار، يەككە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار شۇ ئورۇندىكى خادىملارغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىق - تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

كەنت(شەھەر) ئاھالە كومىتېتى، شۇنىڭدەك مەھەللە تەشكىلاتى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، كەنت(شەھەر) ئاھالىسى ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرگە بولغان ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

3 - باب كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش

20 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇچۇر مەلۇم قىلىش تورى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

سەھىيە - ساغلاملىق تارمىقى ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇچۇر مەلۇم قىلىش تورى سىستېمىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش ھالىتىنى تەھلىل قىلىپ مۆلچەرلەپ، تىزگىنلەش تەدبىرىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

تەرەققىيات - ئىسلاھات، مالىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇچۇر مەلۇم قىلىش تورى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا ھەمكارلىشىشى، ئەيدىز كېسىلى ئۇچۇرىنى كۆزىتىش، ئىز قوغلاپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇش، تونۇشتۇرۇپ بېرىش، يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

21 - ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش پىلانى ۋە خىزمەت لايىھەسىنى تۈزۈشى كېرەك. ئوبلاست(شەھەر، ۋىلايەت)، ناھىيە(شەھەر، رايون)نىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش پىلانى ۋە لايىھەسىگە ئاساسەن، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىش پىلانى ۋە خىزمەت لايىھەسىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئەيدىز كېسىلىنى كۆزىتىشنى ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە تارقىلىش يۈزلىنىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەيدۇ.

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتى شۇ رايوندا ئەيدىز كېسىلىنىڭ يۈز بېرىش، تارقىلىش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك پەيدا بولۇش، تارقىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى كۆزىتىپ، يۇقۇم ئەھۋالى ۋە تارقىلىش يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىشى، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشكە تەشكىللىشى، ئارخىپ تۇرغۇزۇشى، تېببىي جەھەتتە ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇشى كېرەك.

تاموژنا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغانلارنى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ھەمدە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

22 - ماددا ئەيدىز كېسىلىنى تاسقاپ تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى ۋە ئەيدىز كېسىلىنى دەلىللەش تەجرىبىخانىسى قۇرۇش دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولغان بولۇشى كېرەك.

ئەيدىز كېسىلىنى تاسقاپ تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى ۋە ئەيدىز كېسىلىنى دەلىللەش تەجرىبىخانىسى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سۈپىتىگە مەسئۇل بولۇشى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئۈنۈملۈكلۈكى، قانۇنلۇقلۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

23 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى بېكىتكەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساغلاملىقى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلى توغرۇلۇق ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەسلىھەت سورىغانلارغا، ئۆلچەپ تەكشۈرتىدىغانلارغا ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش، تاسقاپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى قىلىشى ھەمدە مۇلازىمەت ئادرېسى ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىشى كېرەك.

ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە راست نام تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىغا مەسلىھەت بېرىش ۋە يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش مۇلازىمىتى قىلىش كېرەك.

24 - ماددا پۇقرالارنىڭ ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئەيدىز كېسىلىنى ھەقسىز تاسقاپ تەكشۈرتۈشىگە، ئۆلچەپ تەكشۈرتۈشىگە، تېببىي مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى ئېغىر بولغان رايونلاردىكى پۇقرالار ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئەيدىز كېسىلىنى ھەقسىز تاسقاپ تەكشۈرتۈشى، ئۆلچەپ تەكشۈرتۈشى، تېببىي مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

25 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساغلاملىقى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتى ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ھەقسىز تاسقاپ تەكشۈرۈشى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ھەمدە تېببىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

26 - ماددا ياتاق، كۆڭۈل ئېچىش، راھەتلىنىش، ساقلىق ساقلاش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر خېرىدارلارغا بىۋاستە مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتچىلەرنى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ھەر يىلى قەرەللىك تەشكىللىشى كېرەك، ساغلاملىق لاياقەت ئىسپاتى ئالمىغان خادىملارنى خېرىدارلارغا بىۋاستە مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرسا بولمايدۇ.

27 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ، ئەيدىز كېسىلىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك؛ ئۆلچەپ تەكشۈرۈلگەنلەر ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشى بولسا، نەتىجىسىنى ئاتا - ئانىسى ياكى ۋەسىيسىگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك.

ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى بىلگەندىن كېيىن، يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى جورىسىغا، ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋىتى بارلارغا ۋە ۋەسىيسىگە ئۆزى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى ياكى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلىشى كېرەك؛ 30 كۈن ئىچىدە ئۆزى ئۇقتۇرمىغان ياكى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ھاۋالە قىلمىغان بولسا، نوپۇسقا ئېلىنغان جايدىكى ياكى تۇرۇشلۇق جايدىكى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى ۋە تېببىي خادىملار شۇ كىشىنىڭ جورىسىغا، شۇ كىشى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋىتى بارلارغا ۋە ۋەسىيسىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ھوقۇقلۇق ھەمدە تېببىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

28 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنىڭ يۇقۇم ئۇچۇرىنى بەلگىلەنگەن مەزمۇن، تەرتىپ، ئۇسۇل بويىچە ۋە ۋاقىت چېكىدە توردا بىۋاستە مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى تاماملىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماققا ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەيدىز كېسىلى يۇقۇمى ئەھۋالىنى ئېلان قىلىشى كېرەك.

29 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى، مەھەللە تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئورۇنلار ياكى شەخسلەر ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار ۋە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىشى كېرەك، شۇ كىشىنىڭ ياكى ۋەسىيسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ.

4 - باب ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش

30 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلار شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى ۋە زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇش، زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغانلارنى مەھەللىدە زەھەر تاشلاتقۇزۇش دورىسى بىلەن قامداپ داۋالاش، پاكىز ئوكۇل سايمىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش، شۇنىڭدەك بىخەتەرلىك قېپى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئىپپىتىنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، توپلىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىش، زەھەر چېكىش، زەھەر ئېلىپ - سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى قانۇن بويىچە ئاشۇرۇپ، يۇقۇملانغۇچىلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا قاتتىق زەربە بېرىشى ھەمدە ئەيدىز كېسىلىنى قەستەن تارقىتىش ۋە ئەيدىز كېسىلىنى تارقىتىش خەتەرلىك قىلمىشىغا مۇناسىۋەتلىك جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

تور - ئۇچۇر، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىسى ۋە تور سۇپىسىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھۋانىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىدىغان، شەھۋانىيلىق ۋە زەھەر سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىسى، تور سۇپىسى ۋە شەخسلەرنى قانۇن بويىچە تازىلاپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ جىنسىي ئالاقە ۋە زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشتىن تارقىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇشى ۋە ئۈزۈۋېتىشى كېرەك.

31 - ماددا ياتاق مۇلازىمىتى قىلىدىغان تىجارەتچىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردىكى تىجارەتچىلەر ئۆزىنىڭ تىجارەت سورۇنىغا بىخەتەرلىك قېپى قويۇشى ياكى بىخەتەرلىك قېپى بېرىش - سېتىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارمىقى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاممىۋى سورۇنغا بىخەتەرلىك قېپى قويۇش ياكى بىخەتەرلىك قېپى بېرىش - سېتىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى، شۇنىڭدەك ئوپچە بۇيۇم ۋە ئۈسكۈنە سايمانلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا بولغان نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

32 - ماددا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارغا، ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ جورىلىرىغا بىخەتەرلىك قېپىنى ھەقسىز بېرىشى كېرەك.

33 - ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق، بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى زەھەر چەككۈچىلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا مەھەللە زەھەر تاشلاتقۇزۇش دورىسى بىلەن قامداپ داۋالاش ئاپپاراتى قۇرۇشقا پائال ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ، زەھەر تاشلاتقۇزۇش دورىسى بىلەن قامداپ داۋالاش خىزمىتى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، كۆزىتىش، باھالاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

مەھەللە زەھەر تاشلاتقۇزۇش دورىسى بىلەن قامداپ داۋالاش، مەھەللە زەھەر تاشلاتقۇزۇش ۋە مەھەللە ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاپپاراتى قاتارلىق ئاپپاراتلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تەلىپى بويىچە، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەجرىبىخانىسىدا ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، ئۇچۇر باشقۇرۇش، داۋالاش، پسىخىكا جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ۋە ئۇنىۋېرسال ئارىلىشىش مۇلازىمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يېزىلىق(بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا ئىش باشقارمىسى زەھەر چەككۈچىلەرگە تەشۋىق قىلىش، ياردەم - تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

34 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلىگەن مەشغۇلات قائىدىسى ۋە دېزىنفېكسىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆلچەملىك مۇداپىئەلىنىش پرىنسىپى بويىچە مەشغۇلات قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى؛ تېرىنى، شىلىق پەردىنى زېدە قىلىش ئېھتىمالى بولغان داۋالاش سايمانلىرىنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىپ ھەمدە داۋالاش تاشلاندۇقىنى گوۋۇيۈەننىڭ «داۋالاش تاشلاندۇقىنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن يۇقۇشى ۋە تېببىي مەنبەلىك يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ئەيدىز كېسىلى تەجرىبىخانىلىرى دۆلەتنىڭ باكتېرىيە(ۋىرۇس)نىڭ ۋە تەجرىبىخانىدىكى جانلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تەجرىبىخانىدىن يۇقۇشى ۋە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

35 - ماددا قان ئېلىش - بېرىش ئاپپاراتلىرى ئالغان ئادەم قېنى، قان شىرىسىنى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى كېرەك؛ ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈلمىگەن ياكى ئەيدىز كېسىلى بويىچە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان ئادەم قېنى ۋە قان شىرىسىنى داۋالاش ئاپپاراتى ۋە قان ياسالمىسى ئىشلىگۈچى ئورۇنلارغا بەرسە بولمايدۇ.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)